# 103880 - قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئىلىشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

## سوئال

قەبرىنى كولاپ مېيىتنى دەپنە قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاش توغرا بولامدۇ؟، مۇشۇنداق قىلىشقا بولغان جىددىيلىكنى نەزەرگە ئالغاندا مېيىت دەپنە قىلىشنىڭ توغرا يولى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قەبىر كولاشنىڭ سۈپىتى: قەبرىنىڭ ئوتتۇرىدىن مېيىتقا مۇناسىپ ئورەك كولىنىدۇ، قەبىر مېيىتنىڭ ئۈستىگە يېقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە خام كېسەك قويىلىدۇ، مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئۇنىڭغا ئوڭ تەرىپىدىن قويىلىدۇ، ئاندىن بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن مېيىتقا تەگمەيدىغان ھالەتتە يېپىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىنىدۇ.

ئىچ يەرلىك ئىلىشنىڭ سۈپىتى: قەبرىنىڭ تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قىبلىگە يېقىن بولغان ئورۇندىن يانغا كولايدۇ، ئۇ يەردە مېيىت ئوڭ تەرىپى بىلەن قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ قويىلىدۇ، مېيىتنىڭ كەينى تەرىپىدىن  كولىغان جاينىڭ ئېغىزىنى خام كېسەك بىلەن توسۇۋېتىپ ئاندىن توپا تاشلايدۇ. [دوكتۇر ئابدۇللاھ سۇھەيبانىينىڭ" ئىسلام شەرئىتىدىكى قەبىر ئەھكاملىرى"ناملىق ئەسىرى 30-بەتكە قارالسۇن].

ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن شەرئەتتە قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئىلىش ھەر ئىككىسى دۇرۇس بولسىمۇ ئىچ يەرلىك ئىلىش ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگىمۇ ئىچ يەرلىك ئىلىنغان، سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە: «مېنىڭ قەبرەمنى كولىساڭلار ئىچ يەرلىك ئىلىڭلار، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىكگە تىكلەنگەندەك مېنىڭ يەرلىكىمگىمۇ كېسەكنى تىكلەپ قويۇڭلار» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 966-ھەدىس].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 2-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسگە ئىچ يەرلىك ئىلىنغاندەك مېيىتنىڭ قەبرىسگە ئىچ يەرلىك ئىلىش سۈننەتتۇر".

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇ" 5-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ئالىملار مېيىتنى ئىچ يەرلىك ئىلىپ دەپنە قىلىشنى ۋە قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىشنىمۇ دۇرۇس دېگەندە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زېمىن قاتتىق بولۇپ توپا ئەتراپقا سىرىلىپ كەتمەيدىغان بولسا بۇ ۋاقىتتا ئىچ يەرلىك ئىلىش ئەۋزەل بولىدۇ، زېمىن يۇمشاق بولۇپ توپا ئەتراپقا سىرىلىپ كېتىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ".

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتى" 5-توم 360-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر زېمىن يۇمشاق بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى يۇمشاق زېمىندا ئېچ يەرلىك كولىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئېچ يەرلىك كولىسا توپا سېرىلىپ قەبىر كۆمۈلۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرەكنى كولاپ توپا سېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە كېسەك قويۇپ ئاندىن ئۇ يەرگە مېيىت قۇيۇلىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: قەبرە كولانغان بولسۇن ياكى ئېچ يەرلىك ئېلىنغان بولسۇن  مېيىتنىڭ يۈزىگە ياكى بەدىنىگە بىۋاستە توپا تاشلانمايدۇ، چۈنكى ئېچ يەرلىكتە مېيىت قەبرىنىڭ يان تەرىپىدىن كولىغان ئورەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلانمايدۇ، قەبرىنى بىۋاستە كولىغاندا مېيىت قويالغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسە بىلەن يېپىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ياپقان نەرسىنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلايدۇ، بىۋاستىلا مېيىتنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.